# ئى ھارىسەنىڭ ئانىسى! جەننەتلەرنىڭ دەرىجىلىرىمۇ ھەر خىل، ھەقىقەتەن سىېنىڭ بالاڭ جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى بولغان پىردەۋىس جەننەتتە دىېدى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، بەرائىڭ قىزى ئۇممۇ رەبىيئى(ئۇ ھارىس ئىبنى سۇراقىنىڭ قىزى ئىدى)پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھارىسە توغرىلىق سۆزلەپ بەرگىن، ئۇ بەدىر ئۇرۇشىدا شەھىت قىلىنغان ئىدى، ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولسا سەۋىر قىلاي، ئەگەر ئۇ باشقا يەردە بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن تازا يىغلاي دىېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى ھارىسەنىڭ ئانىسى! جەننەتلەرنىڭ دەرىجىلىرىمۇ ھەر خىل، ھەقىقەتەن سىېنىڭ بالاڭ جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى بولغان پىردەۋىس جەننىتىدە!» دىېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ھارىسە ئىبنى سۇراقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدىر ئۇرۇشىدا كېلىش مەنبىيى ئېنىق بولمىغان ئوق بىلەن شېھىت قىلىنغان ئىدى، ئۇنىڭ ئانىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئوغلىنىڭ شېھىتلەردىن بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سورايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئوغلى ئۇرۇش مەرىكىسىگە ھازىر بولماستىن مەقسەتسىز ئېتىلغان بىر ئوقتا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى، بۇ ۋەقەلىك ھەدىستىمۇ ئوچۇق بايان قىلىنغان: ھارىسە بەدىر كۈنىدە كىمنىڭ ئاتقانلىقى ۋە قايسى تەرەپتىن ئېتىلغانلىقى ئېنىق بولمىغان بىر ئوق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى، ئىمام ئەھمەد ۋە نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھارىسە ئىگىز جايغا چىقىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا غايىپ ئوق تېگىپ ئۆلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئانىسى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولۇپ قالسا، ئۇنى يوقىتىپ قويغانغا سەبىر قىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھدىن ئەجىر-ساۋاپ تىلەيمەن، ئۇنىڭ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىتلىك بىلەن ئۇتۇق قازانغانلىقىدىن خۇرسەن بولىمەن. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنى باشقا جايدا بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ يىغلايمەن، چۈنكى مەن ئۇنى زىيان تارتتىم ۋە ئۇمۇ ھاياتىنى پايدىسىز زىيانغا ئۇچراتتى». پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئۇممۇ ھارىسە! جەننەتلەرنىڭ دەرىجىلىرى تۈرلۈك بولىدۇ، بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە ئوچۇق بايان قىلىنىپ: سەن جەننەتنى بىر جەننەت دەپ ئويلامسەن؟ جەننەتلەر كۆپ، ئۇ جەننەتلەرنىڭ ئالىيسى بولغان پىردەۋس جەننەتتە»دەيدۇ. پىردەۋس دىگەن جەننەتلەردىن بولغان خاس بىر جەننەت مەقسەت قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى ۋە ئەۋزىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىستە: «سىلەر ئاللاھدىن جەننەت سورىساڭلار پىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار، چۈنكى ئۇ جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئالىيسى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشى بار، ئۇنىڭدىن باشقا جەننەتلەرگە ئۆستەڭلار ئېقىپ چىقىدۇ» دىگەن. جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسى دىگەنلىك: جەننەتلەرنىڭ ياخشىسى، ئەۋزىلى ۋە كەڭرىسى دىمەكتۇر